# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ نەسىرلىرىدىن تاللانما



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ نەسىرلىرىدىن تاللانما

تەرجىمە قىلغۇچىلار: جۇرئەت سەيپۇل قاتارلىقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中国名作家散文选:维吾尔文/王蒙等著；居来提等译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8
ISBN 978-7-228-12797-9

Ⅰ.中... Ⅱ.①王... ②居... Ⅲ.① 散文 — 作品集 — 中国现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）② 散文 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I266

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第147836号

**责任编辑** 伊丽达娜·阿不都热依木
**责任校对** 再米拉·衮达依
**特约校对** 阿依古丽·牙森
**封面设计** 买买提·诺比提
**出版发行** 新疆人民出版社
**电　　话** 0991-2827472
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**邮　　编** 830001
**印　　刷** 新疆金版印务有限公司
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 32开本
**印　　张** 10
**版　　次** 2009年8月第1版
**印　　次** 2009年8月第1次印刷
**印　　数** 1 — 3000
**定　　价** 25.00 元

# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ نەسرلىرىدىن تاللانما

ئاپتورى: ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: جۇرئەت سەيپۇل قاتارلىقلار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلدانە ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10
نەشرى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12797 - 9
باھاسى: 25.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ نەسرلىرىدىن تاللانما» ناملىق بۇ كىتابقا جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە داڭلىق يازغۇچىلاردىن ۋېي ۋېي، ۋاڭ مېڭ، جۇ تاۋ، باجىن، ماۋدۇن، جۇ گوپىڭ، ليۇ لياڭچېڭ قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇبتىكى نەسرلىرى كىرگۈزۈلدى.

بۇ كىتابقا تاللانغان نەسرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى خىلمۇخىل، قويۇق لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت، ئوبرازلىق، يېقىملىق گۈزەل تىل، كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق سۈرەتلەنگەن، بۇلار جۇڭگو يېڭى دەۋر نەسرچىلىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابقا شىنجاڭدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھاياتتىن ئىلھام ئېلىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ۋاڭ مېڭ، جۇ تاۋ، ليۇ لياڭچېڭ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان نەسرلىرى ئالاھىدە تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ نەسرلەردىن ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن نەسرلەر بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم .................... ۋېي ۋېي 1

ۋاڭ مېڭ نەسرلىرى ................................10

تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى ......................... بى يې 31

باھار ........................................ جۇ زىچىڭ 39

سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە ..................... ماۋدۇن 42

دەريادىن ئۆتۈش ................................ جۇ تاۋ 46

چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۈچ كۈن .................... لىيۇ بەييۇ 50

چۈش ئىزدەش ................................... باجىن 64

ئۆمۈر مەسەللىرى ................................ جۇ گوپىڭ 69

دىلئاراملىق — ھاياتتىن بەھرە ئېلىشتۇر ........ جۇ گوپىڭ 74

مەشھۇر شەخس .................................. جيا پىڭۋا 78

كېچىكىپ ئېچىلغان گۈيخۇاگۈلى ..................... يۈي دافۇ 90

چېگرىدىكى سۆيگۈ ............................. شىڭ شاۋمۇ 132

ھاكىم ...........................................لياۋ جىڭرېن 136

چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن ........................ جۇ يۇڭئەن 141

مۇھەببەت سوۋغىسى ............................. لىيۇ يۇڭ 147

كۈتۈش ....................................... يى دېي 150

ۋاقىت ..........................................جاۋ لىخۇڭ 152

يول ......................................... زۇ خەيپىڭ 155

قەلبىڭ قېتىشىپ قېلىشى .......................... دېڭ گاڭ 157

دەرەخ ....................................... جياڭ جياڭ 163

ۋەھىي ....................................... ۋېي جيەنمېي 166

كۆز ......................................... يى مىڭ 170

ئـاددىي شەخس بولۇش ئـوتتۇز يـاشتـىن بـاشلـىنـىـدۇ .........
........................................ ۋەن شەنچياڭ 173
كۆز ئەسلىمىسى ............................ شى تيېشېڭ 176
ئىزگۈلۈك بىلەن رەزىللىك ............................ ليۇ سا 179
ئەقىل ۋە ئۇنىڭ ئىككى قەدىناس دوستى .... لىن چىڭشۇەن 181
بەختسىزلىك ۋە ئادالەت ........................ زېڭ فەنمىڭ 185
ياخشى ئادەم ۋە ئەسكى ئادەم ........................ ئەي فېڭ 187
تېنەپ قالغان قەلب ........................ خۇاڭ شۇپېڭ 192
سىزگە ئىشىك ئېچىلدى ........................ جاۋ لىخۇڭ 196
هاياتلىق بىلەن تىنچلىق بىر ـ بىرىگە ئاشىق .... تيې نىڭ 200
خېشۇن ھەققىدە پاراڭ ........................ سۇي يۇڭيۇەن 208
قىلىچ ........................................ جۇ شۇشەن 214
يازغۇچى ........................................ يى بېيشا 225
كېچە ........................................ شى شىن (شياڭگاڭ) 227
«كونا جاي» ........................................ خۇاڭ ۋېنتىڭ 229
تىلەمچى ........................................ يۇ جىن 233
تىنىپ قالغان هايات ........................ فېڭ جىسەي 237
دەقىقە ئارىلىقىدا ........................................ جۇ يەنۋېن 243
ليۇ لياڭچېڭ نەسرلىرى ........................................246

# ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلەر كىم

## ۋېي ۋېي

چاۋشيەندە بولغان كۈنلىرىمدە بەزى نەرسىلەر مېنى ھەمىشە تەسىرلەندۈرۈپ، ئوي ـ پىكىر، ھېسسىياتلىرىمنى ئۆركەشلىتىپ تۇردى. بۇ ئەھۋال مېنى كۆرگەن ـ بىلگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ۋەتەندىكى بۇرادەرلەرگە قالدۇرماستىن ئېيتىپ بېرىش خىيالىغا كەلتۈرەتتى. ئەمما، مەن ھەممىدىن ئاۋۋال سىلەرگە پەقەت تەسىراتلىرىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى، يەنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلىرىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقىمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىرىماقتىمەن!

ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلىرىمىز كىم؟ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشلەر بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز.

ئېھتىمال، بەزى ئادەملەر كۆڭلىدە: «سېنىڭ دەيدىغىنىڭ ئاشۇ ‹ئەسكەرلەر›مۇ؟» دەر. ئۇلار بەكمۇ سەل چاغلايدۇ ۋە ناھايىتى ئاددىي قارايدۇ، يەنى جەڭچىلەرنىڭ قانداق يۈكسەك ۋە چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇلاردا باي ۋە نازۇك ھېسسىيات بارلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. لېكىن، مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز بىلەن ئارىلىشىشىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقىدىن، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنى تېخى چۈشەنمىگەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ نەقەدەر ساپ ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر قەتئىي، مۇستەھكەم، خاراكتېرىنىڭ نەقەدەر ساددا، كەمتەر ئىكەنلىكىنى، قەلبىنىڭ نەقەدەر گۈزەل، كۆڭۈل ـ

كۆكسىنىڭ نەقەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر.

مېنىڭ قىسقىغىنا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار.

تېخى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش[1] ۋاقتى ئىدى. بىر بۆلۈم پىدائىيلار قوشۇنى دۇشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە بۆسۈپ كىرىپ، جۇنيۇلى[2] دىكى دۇشمەننىڭ قېچىش يوللىرىنى توسۇماقچى بولدى، ئۇلار شۇتاڭ ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغاندا، قاچقان دۇشمەنلەرمۇ نەق شۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ماشىنا يولى بىلەن ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ ئاۋانگارت لىيەنى ماشىنا يولى بويىدىكى بەكمۇ قاقاس بىر كىچىك تۆپىلىكنى تېزلىكتە ئىشغال قىلىپ دۇشمەننى توسۇدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دۇشمەنلەر جېنىنى قوتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئوتتۇز ئىككى ئايروپىلان ۋە ئون نەچچە تانكا بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بۇ لىيەننىڭ ئىستىھكامىغا قاراپ قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. پۈتۈن تۆپىلىك ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بېنزىن بومبىسىنىڭ يالقۇنلىرى پۈتكۈل ئىستىھكامنى كۆيدۈرۈپ چوغ قىلىۋەتتى. لېكىن، باتۇرلار تۇتۇن ۋە ئوت ئىچىدە قالغان بۇ تۆپىلىكتە ئۈنلۈك شوئارلارنى توۋلاپ، ئىستىھكام ئالدىدا دۇشمەنلەرنىڭ بىر - بىرلەپ جېنىنى ئېلىشقا باشلىدى. دۇشمەننىڭ جەسەتلىرى خۇددى باغلاپ دۆۋىلىۋەتكەن قوناق شېخىدەك تۆپىلىك ئالدىدا دۆۋىلىنىپ كەتتى ۋە بۇ تۆپىلىك قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. ئەمما، دۇشمەن ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە يوقىتىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي تىركەشمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ شىددەتلىك جەڭ

---

① ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ــ 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە «يۈنشەن ئۇرۇشى» چىڭچۇەنجياڭ دەرياسى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچى ئەسكەرلىرىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇقراقى يوقىتىلغانىدى.

② جۇنيۇلى ــ چاۋشيەننىڭ بىر شەھىرى بولۇپ، پيوڭيەن ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى، چىڭچۇەنجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان.

توپتوغرا سەككىز سائەت داۋام قىلدى، ئاخىر باتۇرلىرىمىزنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ قالدى، ھەرىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن تۆپىلىكنى ئىشغال قىلىپ، باتۇرلارنى تۆپىلىكنىڭ ئېتىكىگە چېكىندۇردى. ئايروپىلاندىن ياغدۇرۇلۇۋاتقان بېنزىن بومبىلار ئۇلارنىڭ كىيىمىگە تۇتىشىپ، ئۇستىۋېشىنى كۆيدۇرمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا قەھرىمانلار بىر قەدەممۇ چېكىنمەي، مىلتىقلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئۇستىۋېشىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت بىلەن دۈشمەنلەرگە ئېتىلدى ۋە ئىستىھكامنى ئىگىلىۋالغان دۈشمەنلەرنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇلارنىمۇ كۆيدۇرۇپ كۈل قىلىۋەتتى... بۇ يىڭنىڭ يىڭجاڭىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنە شۇ ليەننىڭ ئىستىھكامىدا مىلتىقلار پۈتۈنلەي پاچاقلانغان، پىلىموت سۇنۇقلىرى تۆپىلىكنى قاپلاپ ياتقان، قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرى خىلمۇخىل ھالدا، يەنى بەزىلىرى دۈشمەننىڭ بېلىدىن مەھكەم چىرمىۋالغان، يەنە بەزىلىرى دۈشمەننىڭ بېشىنى قۇچاقلىۋالغان، بەزىلىرى دۈشمەننىڭ گېلىنى بوغۇۋېلىپ، يەرگە يىقىتاۋاتقان ھالدا بولۇپ، ھەممىسى دۈشمەن بىلەن بىللە يىقىلىپ بىرلىكتە كۆيگەن. يەنە بىر جەڭچى دۈشمەن مېڭىسىنىڭ قېتىقىغا مىلەنگەن بىر قول بومبىسىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا ياتقان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەن دۈشمەننىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. يەنە بىر جەڭچىنىڭ ئاغزىدا دۈشمەننىڭ قۇلىقىنىڭ يېرىمى چىشلەكلىك ئىدى. قۇربان بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىش ۋاقتىدا، ئۇلار دۈشمەنلەرنى ناھايىتى مەھكەم تۇتۇۋالغانلىقتىن، ئاجرىتىۋېلىشقا زادىلا مۇمكىن بولمىغان، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ ئاجرىتىشقا توغرا كەلگەن... بۇ ليەندە گەرچە ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار بەك كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، بىزنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىمىز يېتىپ كېلىپ،

دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

بۇ چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدىكى ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشلاردىن بىرى بولغان سۇڭگۇفېڭ ئۇرۇشى ياكى شۇتاڭ ئىستانسىسىدىكى ئۇرۇشتۇر. ئەگەر ئۇلار ئۇچۇن خاتىرە مۇنارى تىكلەشكە توغرا كەلسە، ئۇستىۋېشىدا كۆيۈپ تۇرغان ئوت بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە مىلتىق نەيزىلىرى بىلەن دۈشمەنگە ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەن بىلەن بىللە ئۆلگەن قۇربانلارنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرە مۇنارىغا يېزىشقا رۇخسەت قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ۋاڭ جېنچۈەن، شىڭ يۈتاڭ، جىاڭ يۈجۇ، ۋاڭ ۋېنيىڭ، شيۈڭ گۈەنچۈەن، ۋاڭ جىنخۇ، جاۋ شىجې، سۈي جىنشەن، لى يۈەن، دىڭ جېدەي، جاڭ گۈيشېڭ، سۈي يۈلياڭ، لى شۇگۇ، يەنە بىر جەڭچىنىڭ ئىسمىنى بىلگىلى بولمىغان. قۇربان بولغان جەڭچىلىرىمىز ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇلمىغۇسى.

ھېلىقى يىڭجاڭ يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازلىرى بەك ئاستا چىقتى ۋە كەيپىياتى ئېغىر - بېسىق بولدى. ئۇ ئىستىھكامدا قۇربان بولغانلارنى دەپنە قىلغاندا، كۆزىدىن ياشلار ئاققانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنى ئۇلار ئۇچۇن قايغۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن! بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە ئىنتايىن سۆيۈملۈك، دەپ ھېس قىلىمەن. ئۇلار مېنى قاتتىق تەسىرلەندۇرگەنلىكتىن، كۆزۈمدىن ياشلار ئىختىيارسىز تۆكۈلدى.

دوستلار، بۇ قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاڭلاپ قانداق تەسىرات ئالدىڭلار؟ جەڭچىلىرىمىزنى سۆيۈملۈك ئەمەس دەپ ئېيتالامسىلەر؟ ۋەتىنىمىزدە بۇنداق قەھرىمانلارنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەنمەمسىلەر؟

بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ قەلبى دۈشمەنگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق كۈچلۈك نەپرەت بىلەن تولغان بولسا، ئەكسىچە چاۋشيەن خەلقىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە چوڭقۇر



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئىنتېرناتسىئوناللىق مۇھەببەت بىلەن تولغان.

خەنجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ياش بىر جەڭچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ يىگىرمە بىر ياشتا بولۇپ، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭگاڭ ناھىيىسىدىن ئىكەن. ئۇ قارىمۇتۇق، ئېگىز بويلۇق بولۇپ، خۇددى ئېتىزدا تۇرغان بىر تۈپ كۆزلۈك قىزىل چۈجگۈن قوناقتەك ساددا ۋە يېقىملىق ئىدى. ئەمما، ئەمدىلا ئۇرۇش ئىستىھكامىدىن قايتقانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز ھارغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قىزىللىقمۇ تېخى كەتمىگەنىدى. ئۇ ئەسلىدە توپچى ئەسكەرلەر ليەنىدە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى بىر يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ تالاغا چىقىپ قارىسا، چاۋشيەنلىك بىر موماي دۆڭدە يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئۆيى بومباردىمان قىلىنغاندىن كېيىن تاغ ئىچىدە بىر كەپە ياساپ ئولتۇرغانىكەن، لېكىن كەپىسىمۇ بومباردىمان قىلىنىپتۇ. ھېلىقى جەڭچى قايتىپ كېلىپ ليەنبۇ (روتا شتابى)دىن پىيادە ئەسكەرلەر ليەنىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پىيادە ئەسكەرلەر ليەنى ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەلىپى ماقۇل كۆرۈلۈپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن:

— توپچى ئەسكەرلەر ليەنىدىمۇ ئوخشاشلا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، ئوخشاش ئەمەس، دۈشمەنگە قانچە يېقىن تۇرۇپ ئۇرۇش قىلسام، شۇنچە خۇمارىدىن چىقىمەن ۋە شۇنچە ئۆچۈمنى ئالىمەن!

ئۇ شۇنداق دەپ كېلىپ، بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

خەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەرنىڭ① بىرىدە، ئىستىھكامدىن چۈشۈپ تاماق ئەتكىلى

---

① خەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر — تۆتىنچى قېتىملىق ئۇرۇش جەريانىدىكى مۇھىم ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. 1951 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە چاۋشيەن، جۇڭگو قوشۇنلىرى خەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بەرگەنىدى.

ماڭغانىدىم. ئەمدىلا كەنتكە كىرىپ كەلگىنىمدە، بىرنەچچە دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىپ، بىرھازاغىچە ئاپتوماتىك توپ[①] ئېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىككى دانە زور ياندۇرغۇچ بومبا تاشلىدى. بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە ئوت كېتىپ، ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئىس - تۈتەك قاپلاپ، ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولماي قالدى. نەق شۇ جايدا، ئوت ۋە تۈتۈن ئىچىدە بىر كىچىك بالىنىڭ ئىگراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، دەرھال تۈتۈننىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ قارىسام، ئوتتۇرا ياشلىق بىر چاۋشىيەنلىك كىشى قورۇدا يىقىلىپ قاپتۇ، بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بولسا تېخىچىلا ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يۈگۈرۈپ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردىم، لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقانلىقتىن، كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنىڭ قەغەزلىرى كۆيگەنىكەن. بالىنىڭ يىغا ئاۋازى تۇرۇم - تۇرۇم قويۇق ئىسقا ئەگىشىپ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا مەن: «مەن كىرمىسەم بولامدۇ؟ ياق ! ئەگەر ۋەتىنىمدە مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆرسەم، كىرىپ كېتەر ئىدىم، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇ يەردە كىرمىسەم بولامدۇ؟ چاۋشىيەن خەلقى بىلەن ۋەتىنىمىز خەلقى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟» دېدىم - دە، ئىشىكنى قاتتىق تېپىپ، ئېتىلىپلا ئۆينىڭ ئىچىگە كىردىم. پاھ ! ئۆينىڭ ئىچى ئىس بىلەن لىق تولغان. پەقەت بالىنىڭ يىغا ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، لېكىن بالا كۆرۈنمەيتتى. كۆزۈمنىمۇ ئاچالماي قالدىم، يۈزۈم خۇددى پىچاقتا تىلىغاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۈستۈبېشىمدا ئوت كۆيۈۋاتقان - كۆيۈۋاتمىغانلىقىنى بىلمەي، پەقەت يەرنى قارىغۇيۇق سىلاپ - سىيپاپ ئىزدىدىم. ئاۋۋال قولۇمغا بىر چوڭ كىشى ئۇرۇلدى، ئۇنى تارتىپ ھېچبىر مىدىرلىتالمىدىم، چوڭ ئادەمنىڭ بەدىنىنى سىلاپ - سىيپاپ ئۆتۈشۈم بىلەن كىچىك بالىنىڭ پۇتى قولۇمغا ئۇرۇلدى. بالىنى

① ئاپتوماتىك توپ — بىر خىل ئۇزمەي ئوق چىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى توپ.

قوچاقلىغان پېتى يوگۇرۇپ ئىشىكتىن چىقتىم. قارىسام ئۇ خويمۇ ئوماق بىر بالا ئىكەن، ئۇچىسىدا كالتە كۆڭلەك بولۇپ، يالاڭ ئاياغ ئىدى. ئۇ تېپىچەكلەپ يىغلايتتى. كۆڭلۈمدە: «يىغلىغاچ تۇر، ئائىلەڭدىكىلەرنى قوتقۇزمىسام، سېنى كىم باقىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بۇ چاغدا ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈۋاتاتتى. بالىنى يەرگە قويدۇم. يەنە ئوت يېنىپ تۇرغان ئىشىكتىن سۆڭگۈپ ئۆيگە كىردىم. بايىقى چوڭ ئادەمنى تارتىۋىدىم، ئۇ «ئىھ...» دەپ ئاۋاز چىقاردى، ئۇنى يەنە تارتىۋىدىم، مىدىرلىتالمىدىم. سىنچىلاپ قارىسام، ئۇنىڭ يۈزىدىن ئاققان قان ئۇچىسىدىكى ئاپئاق كۆڭلىكىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەن، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلغانىكەن. ئۇنىڭ بولالمايدىغانلىقىنى بىلدىم ـ دە، تالاغا ئېتىلىپ چىقتىم، ئۇستۇمدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ھېلىقى ئاتا ـ ئانىسىز بالىنى قۇچىقىمغا ئالدىم...

دوستۇم بۇ قىسقىغىنا ۋەقەنى ئاڭلاپ، قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر دەپ ھېس قىلمامسىز؟

ھەممىگە مەلۇم، چاۋشيەننىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرى بەك مۇشەققەتلىك، لېكىن جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئوي ـ پىكرى نېمە؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاۋا مۇداپىئە ئاكوپىدا بىر كاپام تالقان بىلەن بىر ئوچۇم قارنى يەپ ئولتۇرغان[①] بىر جەڭچىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن:

— مۇشەققەت ھېس قىلمامسىز؟ — دەپ سورىدىم، ئۇ ئاغزىغا سالغىلىۋاتقان بىر ئوچۇم قارنى قولىدا تۇتقىنىچە كۈلۈپ

① بىر كاپام تالقان بىلەن بىر ئوچۇم قار — تالقان: بۇغداي، چۈجگۈن قوناق ۋە پۇرچاق قاتارلىقلارنى قورۇپ، تارتىپ ياسىغان بىر خىل قۇرغاق يېمەكلىك. جۇڭگو خەلق پىدائىيلىرى ۋەتەندىن چىققان چاغدا، ھەممىسى مۇشۇنداق تالقاندىن ئېلىۋالغانىدى. تالقان بەك قۇرغاق بولغانلىقتىن، ئۇنى يۇتۇشمۇ بەك تەس ئىدى. شۇڭا، جەڭچىلەر قارا قىشنىڭ زىمىستان سوغۇق ئايلىرىدا، تاغلاردا ئاسانلىقچە سۇ تاپقىلى بولمىغانلىقتىن، تالقاننى قارغا قوشۇپ يېگەنىدى.

قويدى ۋە:
— نېمىشقا مۇشەققەت ھېس قىلمىغۇدەكمەن! بىز ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر ئاجايىپ - غارايىپ بىر نەرسىلەر ئەمەس! ئەمما، بىزنىڭ شان - شەرىپىمىزمۇ مانا شۇ مۇشەققەتتە، — دېدى ئۇ قولىدىكى قارنى ئاغزىغا سېلىپ زوقلىنىپ، خۇشاللىق بىلەن، — قار يېيىشنى مىسالغا ئالايلى، مېنىڭ بۇ يەردە قار يېيىشىم ۋەتەن خەلقىنىڭ قار يېمەسلىكى ئۈچۈندۇر، — ئۇ يەنە تار، زەي مۇداپىئە ئاكوپلىرىنى كۆرسەتتى، — يەنە مۇداپىئە ئاكوپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشنى مىسالغا ئېلىپ باقايلى، تاشقىرىدا قۇياشنىڭ شۇنچىۋالا ئىسسىق نۇرى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايۋاتقانلىقىمىزنى ۋە تۇپتۇز تاشيوللار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدا ماڭالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندا، ئىچىڭىز بەكمۇ پۇشىدۇ. ئەمما، مەن بۇ يەردە مۇداپىئە ئاكوپىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرسام، ئاندىن ۋەتىنىمدىكى خەلقىم ئاكوپتا زوڭزىيىپ ئولتۇرماي، تاشيوللاردا ۋېلىسىپىتكە مىنىپ يۈرىمەن دېسىمۇ بولىدۇ، پىيادە ماڭىمەن دېسىمۇ بولىدۇ، مۇڭدىشىپ، سۆزلىشىپ سەيلە قىلىمەن دېسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى ئۇ قارنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، سۆزلىرىدىن خۇلاسە چىقارغاندەك قىلىپ، — مەن بۇ يەردە بىرئاز قىينىمنى ئاقتۇرسام، بىرئاز جاپا تارتسام ھېچقىسى يوق.
— ۋەتەننى سېغىنىدىغىنىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
— كىم سېغىنمايدىكەن. ۋەتەننى سېغىنىمىدىم دېگەن گەپ يالغان، لېكىن مەن ۋەتەنگە قايتىشنى خالىمايمەن. ئەگەر قايتىپ كەتسەم، ۋەتىنىمدىكى خەلقىم: «بىز سىلەرگە يۆلىگەن ۋەزىپىنى قانداق ئورۇندىدىڭلار؟» دەپ سورىسا، مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. مەن يەنە:
— سىلەر شۇنچە كۆپ خەۋپ - خەتەرلەرنى بېشىڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ، شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭلار، سىلەرنىڭ ۋەتەنگە، چاۋشيەنگە قانداق تەلەپلىرىڭلار بار؟ — دەپ سورىدىم،

ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— بىزگە ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، لېكىن يۈرەكتىكى گەپنى ئېيتىش كېرەك. مېنىڭ بۇ گېپىم ئانچە مۇناسىپ كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بىز مانا مۇشۇنچىلىكلا بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىمىز، — دېدى ئۇ بارماقلىرى بىلەن يارماق چوڭلۇقىدا چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا مۇشۇنداق بىر دانە «چاۋشيەن ئازادلىق خاتىرە ئىزنىكى»نى تەلەپ قىلىمىز، يەنى ئۇنى كۆكرىكىمىزگە تاقاپ ۋەتىنىمىزگە قايتىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

دوستلار، كۆپ مىسال كۆرسەتمىسەممۇ جەڭچىلىرىمىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ خىسلىتىنىڭ نەقەدەر ئالىيجاناب، روھىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ۋە ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر، ئۇلار تارىختا دۇنيادا بىرىنچى قاتاردىكى جەڭچىلەر ۋە بىرىنچى قاتاردىكى ئادەملەردۇر. ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ياخشى نىيەتلىك تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ئېسىل گۈللىرى. ۋەتىنىمىزنىڭ مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان گۈللىرى. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇنداق قەھرىمانلىرى بارلىقى بىلەن پەخىرلىنىمىز! بىز مۇشۇنداق قەھرىمان ۋەتەندە تۇغۇلغانلىقىمىز ئۈچۈن پەخىرلىنىمىز!



# ۋاڭ مېڭ نەسرلىرى

## دۇنياغا ساياھەت

بۇ يۇپيۇملاق يەر شارىنى پۇرسەت بولسا ئايلىنىپ چىقسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە ئۇلگۇرۇپ، 1980 ـ يىلدىن باشلاپ دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش بەختىگە ئېرىشتىم. ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئامېرىكىغا بەش قېتىم، ئىتالىيىگە تۆت قېتىم، گېرمانىيە، ياپونىيە، سىنگاپور ۋە ئاۋستىرالىيىگە ئىككى قېتىم، رۇسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، پولشا، ۋېنگرىيە، ئالجىرىيە، ماراكەش، تۈركىيە، يېڭى زېلاندىيە، تايلاند، مالايشىيا، سۇدان ۋە مىسىرلارغا بىر قېتىمدىن باردىم. يول ئۈستىدە ئىسپانىيە ۋە گرېتسىيىلەردە توختاپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭدىن سىرت، شياڭگاڭغا ئىككى قېتىم باردىم، ئۆتكەن يىلى قىشتا يەنە تەيۋەنگە بېرىپ كەلدىم. دۇنيانى ئايلىنىش ھەقىقەتەن بەك مەنىلىك. دۇنيا راستتىنلا بەك ئاجايىپ ـ غارايىباتلار بىلەن تولغان.

دۇنيانىڭ باغرى ھەقىقەتەن كەڭ. شىمالىي يېرىم شاردا كۈز بولغاندا، جەنۇبىي يېرىم شاردا باھار بولىدۇ. بېيجىڭدا چۈش بولغاندا، ئامېرىكا تۈن كېچە قوينىدا ياتىدۇ. سىز بۇ خىل تىلدا سۆزلىسىڭىز، ئۇ يەنە بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ. سىزنىڭ پۇلىڭىز، سىزنىڭ قانۇنىڭىز ئۇ دۆلەتكە ئۆتمەيدۇ. بۇ دۆلەت ۋە رايوندا دېيىش قولايسىز گەپلەر، يەنە بىر دۆلەت ۋە رايوندا ئادەتتىكىچە پاراڭ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com